# 36606 - ئايروپىلاندا ئىھراملىقنى كىيىش قىيىن بولۇپ قالسا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

## سوئال

ھەج ياكى ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ، ئايروپىلاندا ئىھراملىقنى كىيىش قىيىن بولۇپ قالسا، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىھرامنى نىيەت قىلىپ ئۆتىدىغان ئورۇننى بىلمىسە، ئىھرامنى جىددە شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن كىيسىمۇ بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەج ياكى ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ، ئايرۇپىلانغا چىققان كىشى، ئالدى بىلەن ئۆيىدە يۇيىنىۋېلىشى ۋە خالىسا ئىھراملىق كىيىمنى كىيىۋېلىشى كېرەك، ئىھرامنى نىيەت قىلىدىغان ئورۇنغا ئازقالغاندا، مەقسەت قىلماقچى بولغان ھەجنى ياكى ئۆمرىنى نىيەت قىلىدۇ، بۇنىڭدا ھېچ قانداق قىيىنچىلىق بولمايدۇ، ئىھرامنى نىيەت قىلىدىغان ئورۇننى بىلمىسە، ئايروپىلان خادىملىرىدىن ياكى مەسئۇللىرىدىن ياكى شۇ ئورۇننى بىلىدىغان ئىشەنچلىك كىشى بولسا شۇنىڭدىن سورايدۇ. ئاللاھ تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.